ھەسەن ئەل بەننا

# تەلىماتلار

www·islamyoli·net

ئۇلۇغ ئاللاھقا ھەمدۇ، مۇجاھىدلارنىڭ قوماندانى، تەقۋادارلارنىڭ ئىمامى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە، قىيامەتكە قەدەر ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە سالام.

بۇ رىسالەمنى دەۋەتلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە چۈشەنچىلىرىنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ئىشەنگەن ۋە بۇ يولدا ياشاشقا ۋە شۇ يولدا ئۆلۈشكە بەل باغلىغان سەممىي قېرىنداشلىرىمغا قارىتىمەن. بۇ رىسالە يادلايدىغان دەرسلەر ئەمەس، لېكىن ئىجرا قىلىنىدىغان تەلىماتلاردۇر. سەممىي دوستلار ئەمەلگە يۈزلىنىڭلار! «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەللىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. مۇناپىقلىقتىن تەۋبە قىلامسىلەر، ياكى ئۇنىڭدا چىڭ تۇرامسىلەر؟ ئاندىن كېيىن (ئۆلگۈنىڭلاردىن كېيىن) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە پۈتۈن قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ».

«بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر. شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يولدا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلدى.»

ئەمما بۇلاردىن باشقىلىرىدا دەرسلەر، كىتاب ۋە ماقالىلار، دەستۇرلار ۋە قانۇنلار بار. «ھەر ئۈممەتنىڭ يۈز كەلتۈرىدىغان تەرىپى (قىبلىسى) بار. ئى مۆمىنلەر! ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراڭلار، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئاللاھ جەننىتىنى ۋەدە قىلدى». ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى سىلەرگە بولسۇن.

ھەسەن ئەل بەننا

پرىنسىپلار

قېرىنداشلار، دوستلار!

بىزنىڭ دەۋىتىمىزنىڭ ئون شەرتى بولۇپ، ئۇلارنى يادلىۋېلىڭلار:

1 - چۈشىنىش، 2 - ئىخلاس، 3 - ئەمەل، 4 - جىھاد، 5 - پىداكارلىق، 6 - ئىتائەت، 7 - چىداملىق، 8 - ساداقەتلىك، 9 - قېرىنداشلىق، 10 - قەتئىيلىك.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

سىلەرگە بۇ ئون شەرتنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرمەكچىمەن.

1- چۈشىنىش

دەۋىتىمىزنىڭ سەممىي بىر ئىسلام دەۋاسى ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى يىگىرمە قائىدە ئىچىدە بىز چۈشەنگەندەك چۈشىنىشىڭىز لازىمدۇر.

1 - ئىسلام ھاياتنىڭ پۈتۈن قانۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمى بىر نىزامدۇر. چۈنكى ئۇ، دۆلەت، ۋەتەن، ھۆكۈمەت، مىللەت، ئەخلاق، قۇۋۋەت، رەھمەت ۋە ئادالەت، مەدەنىيەت ۋە قانۇن، ئىلىم ۋە ھۆكۈم، ماددا ۋە بايلىق، كەسىپ ۋە پايدا، جىھاد ۋە دەۋەت، ئەسكەر ۋە چۈشەنچە، توغرا ئەقىدە (ئېتىقاد) ۋە ئىبادەتتۇر.

2 ـ قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى دىنىي ھۆكۈملەرنى تونۇشتىكى ئاساسى مەنبەدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ قۇرئان كەرىمنى ئاسان چۈشىنىشى ئۈچۈن ئەرەب تىلىنى گىراماتىكىسىغا ئۇيغۇن، پۇختا ئۆگىنىش ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ پاك سۈننەتلىرىنى رىۋايەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىشەنچلىك بولۇش ياكى بولماسلىق خۇسۇسىدىكى بىلىملەرنى بىلىشى لازىم.

3 - ھەقىقىي ئىمان، توغرا ئىبادەت، سەممىي بىر ئەمەل ۋە تىرىشچانلىق، لەززەتلىك بىر نۇردۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇنى بەندىلەردىن تەلەپ قىلغانلارنىڭ دىللىرىغا بەخش قىلدى. بىراق ئىلھام، خاتىرىلەر، كەشىپ - كارامەت ۋە چۈشلەر ئىسلام شەرىئىتىدە بىر ھۆكۈمنى ئىسپات قىلىش ئۈچۈن دەلىل بولالمايدۇ. پەقەت دىنىي ھۆكۈم ۋە مەنبەلەرگە قارىمۇ قارشى بولماسلىق شەرتى بىلەنلا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

4 ــ كۆزلۈك، تۇما، كۆزمۇنچىقى، رەمباللىق، سېھرىگەرلىك، غەيىپتىن خەۋەر بېرىشلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلامدا چەكلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا قۇرئان كەرىمدىن بىرەر ئايەت ياكى دۇئا بولمىسا ئۇنى يوقىتىش ۋاجىپتۇر.

5 ــ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئاساسى قائىدىلىرىگە زىت كەلمەسلىك شەرتى بىلەن ھۆكۈمدار ۋە يا ئۇنىڭ ۋەكىلىگە بويسۇنۇش ۋە شۇنىڭ پىكرى بويىچە ھەرىكەت قىلىش لازىم. بۇمۇ ئۆرپ - ئادەت ۋە شەرت - شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. ئىبادەتلەردە ئەسلى مەنا ۋە ھېكمەتلەرگە قارىماي ئىبادەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش لازىمدۇر. باشقا ئىشلاردا بولسا، غايە، مەقسەت ۋە ھېكمەتلەرگە قارىلىدۇ. بۇ ئىشلار ساقلاپ قالىدىغان ھېكمەت ۋە پايدا سەۋەبى بىلەن قىلىنىدۇ.

6 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن سەلەفى سالىھلەرنىڭ —— قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن بولۇش شەرتى بىلەن —— سۆزلىرىدىن باشقا ھەر ئىنساننىڭ

سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ، ياكى رەت قىلىنىدۇ. سۆزلىرىنى رەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەققىدە يامان سۆز قىلماستىن، ئۇلارنى يامان كۆرمەستىن ئۆز نىيەتلىرى بىلەنلا رەت قىلىشىمىز لازىم.

7 ـ قوشۇمچە ھۆكۈملەردە دەلىل كۆرسىتەلەيدىغان بىلىم ئىگىسى بولمىغان ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەزھەپ ئىماملىرىدىن قايسى بىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا (تۇتقان يولىغا) ئەگىشىشى لازىمدۇر. بىر ئىمامنىڭ كۆز قارىشىغا ئەگىشىش بىلەن بىرگە مەسىلىلەرنىڭ قانداق ۋە قايسى دەلىللەردىن چىقىرىلغانلىقىدىنمۇ بەھس قىلىش ئەڭ ئۇيغۇن ۋە ئەڭ گۈزەل بولغىنىدۇر. بۇنداق ئىلمىي تەتقىقاتلارنى تولۇقلاشقا تىرىشىش تېخىمۇ ئۇيغۇندۇر.

8- پىقھى مەسىلىلەردە ۋە مەزھەپ ئىماملىرى ئارىسىدا كۆرۈلگەن پەرقلىق كۆز قاراشلار دىندا بىر ئايرىمچىلىق، بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا جىنايەت ۋە دۈشمەنلىك مەيدانغا كەلمەيدۇ. ھەر مۇجتەھىتكە ئايرىم ـ ئايرىم ساۋاب ۋە مۇكاپات بېرىلىدۇ. گەردەنكەشلىك ۋە مۇتەئەسسىپلىك يولىغا كىرمەستىن ھەقىقەتكە ئېرىشىش غايىسى بىلەن ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە سۆيگۈسى ئىچىدە، ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر ھەققىدە ئىلمى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىشقىمۇ ھېچبىر توسالغۇ يوقتۇر.

9 ـ پايدىسىز مەسىلىلەر ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىش، ئۇنداق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش توغرا ئەمەستۇر. كېيىن قىلىدىغان بىر ئەمەل بىلەن نەتىجىلەنمىگەن تەتقىقات ۋە چۈشەنچىلەردىن ساقلىنىش شەرىئەتتە بۇيرۇلغاندۇر. مەسىلەن: ھەققىدە قەتئىي بىر مەلۇمات بولمىغان قۇرئان ئايەتلىرى ئۈستىدە چۇڭقۇر ئويلىنىش، پايدىسىز مەلۇمات بېرىش، ساھابىلەرنىڭ پەزىلەت دەرىجىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشقا ئوخشاش ئەمەلىي ھاياتتا ھېچبىر پايدىسى يوق ماۋزۇلاردىن يىراقلىشىش لازىمدۇر. چۈنكى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ھەر ساھابىنىڭ ئۆز ئەمەلى ۋە نىيىتىگە كۆرە ئەجىر، مۇكاپات، دەرىجە ۋە ساۋابى بار. ئۇلۇغ ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىزدىن تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ. بۇ ھەقتە مەدھىيلەنگەن ۋە كۆرسىتىلگەن كىشىلەرنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم نىيەتلىرى بار. ئەڭ توغرىسى مۇنداق ماۋزۇلارغا كىرىشتىن يىراقلىشىش لازىمدۇر.

10ـ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئىسلام ئېتىقادىنىڭ ئاساسى نۇقتىسىدۇر. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىسمى ۋە سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان ئايەت ۋە سەھى ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلىش، پەقەت تەۋىل قىلماسلىق، ئۆلىمالارنىڭ ئۆز ئارىلىرىدا بۇ ھەقتە قىلىشقان ئىختىلاپلىرىغا ئارىلىشىش ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ مۇشۇ ئايىتىدە ئىشارەت قىلىنغاندەك مۇنداق مەسىلىلەرنى شۇلارغىلا تاپشۇرۇش لازىمدۇر. «ھەقىقىي ئالىملار ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان دەيدۇ» (ئايەت)

11- ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ھەق دىنىدا، ئاساسسىز ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارزۇلىرى بىلەن ياقتۇرۇپ قىلىپ ئۇيدۇرۇپ چىقارغان ھەر شەيئى «بىدئەت» دېيىلىدۇ. بۇ بىدئەتلەر مەيلى دىنىنىڭ ئاساسىدىن بولمىغان بىر شەيئىدىن كېيىن ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن بولسۇن، مەيلى دىندا بار بولغاننى تەرك ئېتىش بىلەن بولسۇن ھەممىسى پاسىقلىقتۇر. ھەق ۋە توغرا يولدىن ئايرىلىشتۇر. مۇسۇلمان بولغىنىمىز ھالەتتە بىدئەتلەرگە قارشى تۇرۇش مەجبۇرىيىتىمىز بار. بىراق بىدئەتلەرگە قارشى تۇرۇش خۇسۇسىدا قوللىنىدىغان ۋاستە ۋە چارىلەر بىدئەتلەردىن تېخىمۇ قەبىھ ۋە يامان بولماسلىقى لازىم.

12 - بولۇپمۇ ئىبادەتلەرگە قوشۇمچە قىلىش ياكى تەرك قىلىش شەكلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بىدئەتلەر، نەپلى ئىبادەتلەر ۋە ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر ھەققىدە دەلىل - ئىسپاتلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ھېچبىر توسالغۇ يوقتۇر.

13- سالىھ كىشىلەرنى دوست تۇتۇش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ماختاش ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش - ئىزلىرىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش ئىنساننى ئۇلۇغ ئاللاھقا يېقىنلىششقا ۋە ئۇنىڭ رىزالىقىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەۋلىيالار (سالىھ كىشىلەر) قۇرئاندا مۇنداق زىكىر قىلىنىدۇ: «ۋەلىلەر ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھتىن قورققانلاردۇر» (يۇنۇس سۈرىسى 63 - ئايەت). شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولۇش شەرتى بىلەن ئەۋلىيالارنىڭ كۆرسەتكەن كارامىتى ھەقتۇر. ئەمما شۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش لازىمكى، ۋەلىلەر ئۇلارغا بېرىلگەن ئىلتىپاتتىن باشقا، مەيلى ھايات ۋاقتىدا مەيلى ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزلىرىگە ھېچبىر پايدا يەتكۈزەلمىگەندەك باشقىلارغىمۇ پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

14- قەۋرىلەرنى زىيارەت قىلىش، دۇئا قىلىش رۇخسەت قىلىنغان سۈننەتتۇر. ئەمما ئۆلۈكلەردىن مەدەت ۋە ياردەم تىلەش، ئۇلارنى — يېقىن ياكى يىراقتىن — ياردەمگە چاقىرىش، بىر ئىشنىڭ ئاسانلىقىنى ئۇلاردىن تىلەش، ئۇلارنىڭ ھەققىدە نەزىر قىلىش، قەۋرىلىرىنى قاتۇرۇپ يوپۇق يېپىش، قەۋرىلەردە چىراق ياندۇرۇش، ۋە ئۇنى (يوپۇقنى) يۈزىگە سۈرتۈش، ئاللاھنىڭ ئىسمىنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىدئەت بولۇپ، ئۇلارنى يوقىتىش ۋە ئۇنداق ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش لازىم.

15- ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغاندا باشقىلارنى ۋەسىلە قىلىش ئىختىلاپلىق مەسىلە بولۇپ، ئەقىدە مەسىلىلىرىدىن ئەمەستۇر.

(ۋەسىلە: ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگىشىش ۋە ئاللاھ رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. 1- جائىز بولغان ۋەسىلە بولۇپ، ئۇ، ئاللاھنىڭ ئىسمى سۈپەتلىرى بىلەن ۋەسىلە قىلىش ياكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ۋەسىلە قىلىشقا

بولىدۇ. 2- جائىز بولمىغان ۋەسىلە، ئۇ قۇرئان ۋە ھەدىسكە زىت ئەمەللەرنى قىلىش بولۇپ، مالائىكىلەر، پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھ كىشىلەرگە ئەگەشمەستىن. ئۇلارنى ۋەسىلە قىلىشتۇر. ئۇ، ۋەسىلە قىلغۇچى بىلەن ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستە قىلغانلىق بولۇپ، بۇ جائىز ئەمەستۇر - تەرجىمە قىلغۇچىدىن)

16- خاتا ئادەتلەر دىنىي ئاتالغۇلارنىڭ ئەسلى مەنىسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، بەلكى بۇ ئاتالغۇلارنىڭ مەنىلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئاتالغۇلارنى ئۆز مەيلىچە قوللىنىشتىن ساقلىنىش لازىم. مۇھىمى ئاتالغۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئەمەس، ئىسمىلىرى بەرگەن شەيئىلەردۇر.

17- پۈتۈن ئەمەللەرنىڭ ئاساسىنى ئەقىدە (ئىشەنچ - ئېتىقاد) تەشكىل قىلىدۇ. سەممىي قەلب بىلەن قىلغان ئەمەللەر تاشقى ئەزالار بىلەن قىلغان ئەمەللەردىن مۇھىمدۇر. شۇنداق بولسىمۇ مەيلى دىلىدىن مەيلى تاشقى ئەزالار بىلەن قىلىنغان ھەر ئىككى ئەمەل شەرئەتتە مەقبۇلدۇر.

18- ئىسلام دىنى پۈتۈن ئەقىل ۋە چۈشەنچىلەرنى قوغدايدۇ. ئەقىل ۋە چۈشەنچىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئىنسانىنى ئەقىل بىلەن تەپەككۇر قىلىپ كائىناتقا قاراپ پىكىر قىلىشقا تەشۋىق قىلىدۇ. شۇنداقلا ئىسلام دىنى ئىلىم ۋە ئىلمىلىك كىشىلەرگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەر نەرسىنىڭ لايىق بولغىنىنى باشقا نەرسىلەردىن ئۈستۈن كۆرىدۇ. ھېكمەت مۆمىنىنىڭ يۈتۈرۈپ قويغان مېلىدۇ. ئۇنى نەدە بولسا تېپىپ ئۇ يەردىن ئېلىشقا باشقىلاردىن ھەقلىقتۇر.

19- بەزى دىنىي كۆز قاراش بىلەن ئەقلى كۆز قاراش ئوتتۇرىسىدا پەرق كۆرۈلىشى مۇمكىن. بىراق قەتئىي ۋە ئەمەلىي ئىشلاردا ھەر ئىككىسى ئورتاقلىشىدۇ. ھېچقاچان ئوتتۇرىغا چىققان ئىلمىي قانۇنلار، دىنىي ئاساسلارغا زىت كەلمەيدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئىختىلاپ بولۇپ قالسا، گۇمانى دەلىل، قەتئىي دەلىلگە ئۇيغۇن شەكىلدە چۈشەندۈرۈلىدۇ. گۇمانى دەلىلمۇ ھەر ئىككىسىدە بېرلىشىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتدا دىنىي ئاساسقا ئۇيغۇن بولىدۇ.

20- كەلىمە شاھادەت ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ مەنىسىگە ئىمان كەلتۈرگەن، پەرزلەرنى ئادا قىلغان بىر كىشىنى گۇناھكار بولسىمۇ كاپىر دېيىشكە بولمايدۇ. ئەمما كاپىر ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان، دىندا قەتئىي بىلىنگەن ھەرقانداق بىر ئاساسىنى ئىنكار قىلغان، قۇرئان ئۇچۇق بايان قىلغان بىر ھۆكۈمنى ئىنكار قىلغان ياكى قۇرئان كەرىمنى ئەرەب گىراماتىكىسىغا ئۇيغۇن بولمىغان بىر مەنا بىلەن شەرھلىگەن ۋە ياكى كاپىرلاردىن باشقىلار قىلمايدىغان ئىشتىن بىرنى قىلغان كىشى كاپىر سانىلىدۇ.

مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز مۇشۇ ئاساسلار ئىچىدە ئۆز دىنلىرىنى ئۆگەنگەن زامان قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىغان «پەيغەمبەر يولباشچىمىز، قۇرئان دەستۇرىمىز» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ رۇشەن چۈشىنىدۇ.

2- ئىخلاس

مۇسۇلمان قېرىنداشلار سۆزلىگەن ھەربىر سۆزىدە، قىلغان ھەربىرئىشتا، خۇدا يولىدا قىلغان جىھاد ئۈچۈن ماڭغان قەدەملىرى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس بولۇش، پۈتۈن بولاردىن پەقەتلا ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئېھسان قىلغان نېمەت ۋە مۇكاپاتىنى چىقىش يولى قىلىش لازىم. بولاردىن باشقا ئىلگىرى ـ كېيىن ئېيتىلغان ئۇنۋانلارغا، مەدھىيەلەرگە، شان ـ شۆھرەت، تاشقىرىدىن كۆرۈنگەن مەنپەتلەرگە ئەسلا نەزەر سالماسلىق لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن پەقەتلا ئىشنىش، چۈشىنىشلا بولۇپ، باشقا پايدا ـ مەنپەئەتنىڭ قۇلى بولماسلىق لازىم. «ئېيتقىنكى، نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مەن (يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم» ئايەت.

ئىخلاس ۋە سەممىيەتنىڭ ئەسلى ۋە چوڭقۇر مەقسەتلىرىگە ئېرىشكەن مۇسۇلمان قېرىنداشلار داۋاملىق سۆزلىگەن: «غايىمىز پەقەتلا ئاللاھتۇر ۋە ئەڭ بۈيۈك ئاللاھتۇر، ئاللاھقا ھەمدى بولسۇن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدۇ.»

3- ئەمەل

ئىلىم ۋە ئىخلاسنىڭ مېۋىسى ئەمەلدۇر.

«(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى **الله**، **الله** نىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (نەرسىلەرنى) بىلگۈچى (**الله**) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، **الله** قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ».» سۈرە تەۋبە 104 ـ ئايەت.

داۋاسىدا سادىق ۋە ئىخلاسمەن مۇسۇلمان قېرىنداشلاردىن تۆۋەندىكى ئەمەللەر تەلەپ قىلىنىدۇ:

1- نەپسىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن غەيرەت قىلىش، ۋۇجۇدىنىڭ ساغلام ۋە كۈچلۈك بولۇشى ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تولۇق يېتىلىشى، ئەخلاقلىق بولۇشى، كەسپى ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش، ساغلام ئەقىدە، دۇرۇس ئىبادەت، نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىش، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، ئىشلارنى تەرتىپلىك قىلىش، باشقىلارغا پايدىلىق ئىش قىلىش ئۈچۈن غەيرەت قىلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا ۋاجىپتۇر.

2- ئىسلام ئاساسىغا ئۇيغۇن بىر ئائىلە قۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش، ئائىلىسىنى ۋە پەرزەنتىنى ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئۆزىگە قىز تاللاشتا ۋە ئائىلە هاياتىنى تەرتىپلەشتە ئىسلام كۆرسەتمىلىرىگە مۇۋاپىق بولۇشتەك ھەربىر ئىشلار ھەر بىر مۇسۇلمانغا ۋاجىپتۇر.

3- جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، جەمئىيەتتە ياخشىلىقنى تەشۋىق قىلىش، رەزىل ۋە ئەسكى ئىشلار بىلەن كۈرەش قىلىش، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا رىغبەتلەندۈرۈش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، ياخشى ئىش قىلىشقا ئالدىراش، ئىسلام پىكىرىنىڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىشىغا ھەرىكەت قىلىش، هاياتنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە ئىسلام هۆكمىگە ئۇيغۇن بولۇشقا ھەرىكەت قىلىش لازىم. بۇ ھەر بىر شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بۇرچىدۇر.

4- ۋەتەننى روھى، ئىقتىسادى، سىياسى، ساھەلەردە چەتئەل كۈچلىرىنىڭ (مۇسۇلمان بولمىغان) كونتروللىقىدىن قۇتقۇزۇش لازىم.

5- ئىسلام ئاساسىغا ئۇيغۇن بىر شەكىلدە بىر هۆكۈمەت قۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىش. بۇ هۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىنىڭ ئىسلامغا خىزمەت قىلىشى، ناماز ئۇقىشى ۋە باشقا دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشى، گۇناھ، هارام ۋە ئىسلامغا مۇخالىپ ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىشى لازىم.

ئىسلام ئاساسلىرى ئىچىدە دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق، ئاساسەن تاشقىرى قىيىنچىلىق ئەھۋالى يۈز بەرگەندە مۇسۇلمان بولمىغانلاردىن ياردەم ئېلىش گۇناھ سانالمايدۇ.

ئىسلام هۆكۈمىتىنىڭ سۈپەتلىرى: خەلققە هېسداشلىق قىلىش، ياخشىلىق ۋە شەپقەت قىلىش، خەلق ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولۇش، ئۇمۇمنىڭ مال - مۈلكىنى ۋە ئىقتىسادىنى قوغداشتۇر.

ئىسلام هۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىسى: ئامانلىقنى ساقلاپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، كۈچ توپلاش، سالامەتلىكنى ساقلاش، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلۈش، بايلىقنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىنى قوغداش، ئەخلاقنى كۈچەيتىش، ئىسلامنى تەشۋىق قىلىشتۇر. بۇنداق هۆكۈمەتكە بويسۇنۇش، مال ۋە جان بىلەن ياردەم قىلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا ۋاجىپتۇر.

هۆكۈمەت ئەگەر يۇقىرىقى پرىنسىپلارغا ئۇيغۇن هۆكۈم يۈرگۈزمىسە، ئۇنىڭغا توغرا يول كۆرسىتىپ نەسىھەت قىلىش، تۈزىتىشكە ھەرىكەت قىلىش، پايدىسى بولمىسا ئايرىلىپ يىراق تۇرۇش لازىم. چۈنكى «خەلققە ئاسىيلىق قىلىپ مەخلۇققا بويسۇنۇش يوق» (ھەدىس).

6- ئىسلام ئۈممەتلىرىنى قوغداپ، بىرلىكنى ساقلاپ، ۋەتىنىنى قوغدۇپ، شەرىپىنى تىرىلدۈرۈپ، ھۆكۈمەت مۇستەقىللىقىنى ۋە خىلاپەت ئورنىنى ساقلاپ، مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرىدىغان بىر ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشىغا ھەسسە قوشۇش لازىم.

7- يەر يۈزىدە ئىسلام قانۇنىي يۈرگۈزۈلۈپ، پۈتۈن قۇۋۋەتىنىڭ ئىسلامنىڭ ئىلكىدە بولىشى «پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر، ئاللاھ ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ.»

بۇ كېيىنكى تۆت ماددا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە بىرلەشكەن ھالەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم بولغان ئاساسلاردۇر. ھەر بىر مۇسۇلمان قېرىنداش ئۆزىنى جەمئىيەت ئىچىدە بۇنى ئادا قىلىش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى بىلىشى ۋە بۇ يولدا ئۆزىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا ھەرىكەت قىلىشى لازىم. بۇ ھەقتە ئۈمىتسىز بولۇش ئەسلا توغرا ئەمەس، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ شۇ ئايىتى بىلەن ئۈمىدۋار بولۇش لازىم. «الله (خالىغان) ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ» (سۈرە يۇسۇق 21 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.)

4 - جىھاد

جىھاد پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدىن قىيامەتكە قەدەر ھەر ۋاقىت ئەمر قىلىنغان بىر پەرز ئىكەنلىكىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ: «ھەر كىم جىھاد قىلماستىن ۋە جىھادقا نىيەت قىلماستىن ئۆلسە، جاھىلىيەت ئۆلىمى بىلەن ئۆلىدۇ» (ھەدىس) جىھادنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى باسقۇچى قەلبىنىڭ خاتا ئىشلارنى ئىنكار قىلىشى، ئەڭ يۇقىرى باسقۇچ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر. بۇ ئىككى باسقۇچ ئوتتۇرىسىدا تىل، قەلەم ۋە قول بىلەن جىھاد قىلىش، زالىم بىر ھۆكۈمدارغا ھەق سۆزنى سۆزلەشمۇ جىھادتۇر. دەۋەتمۇ جىھادسىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. جىھاد قانچىكى بۈيۈك ۋە ساغلام قىلىنسا ئۇنىڭ قىممىتىمۇ شۇنچە ئۇلۇغ بولىدۇ. جىھاد ئۈچۈن ماددىي ياردەم قىلىش ۋە ئۇنى قوللاشمۇ جىھاد بولىدۇ. ئۇنىڭ ساۋابىمۇ ئارتۇق. « ئاللاھ يولىدا تاقەتىڭلار يېتىشچە جىھاد قىلىڭلار» بۇنىڭ بىلەن بىز داۋاملىق «يولىمىز جىھاد» دۇر دەپ چاقىرىۋاتقان چاقىرىقىمىزنىڭ مەنىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

5- پىداكارلىق

ئىشەنگە غايە ۋە داۋا يولىدا مېلىنى، جېنىنى، ۋاقتىنى، ۋە پۈتۈن ھاياتىنى قىزغىنلىق بىلەن پىدا قىلىشتۇر. ئىشىنىش ۋە چۈشىنىش يولىدا قىلغان بۇ پىداكارلىقنىڭ مۇكاپاتىنى بۇ دۇنيادا كۆتمەسلىكىمىز لازىم. ئۇنىڭ مۇكاپاتى ۋە ساۋابى ئاخىرەتتە بولىدۇ. پىداكارلىقتىن قاچقۇچى گۇناھكار بولىدۇ. «شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئۆز يولىدا سوقۇشۇپ ئۆلتۈرگەن ۋە

ئۆلتۈرۈلگەن مۆمىنلەرنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى» ( سۈرە تەۋبە 111- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.)

«ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورقىدىغان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن **الله** دىن، **الله** نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە **الله** نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، **الله** نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا تاكى **الله** نىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، **الله** پاسىق قەۋمنى (يەنى **الله** نىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ».

(سۈرە تەۋبە 24 ـ ئايەت.)

«مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىلارنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا بىللە چىقماي قېلىپ قېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئارامى بىلەنلا بولۇپ، جاپادا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بولماسلىقى توغرا ئەمەس ئىدى. بۇ (يەنى ئۇلارنى جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىشتىن مەنئى قىلىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار **الله** نىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەربىر قەدىمى، دۈشمەنلەردىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەربىر نەرسىسى ئۈچۈن (**الله** نىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ، **الله** ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.» (سۈرە تەۋبە 120 ـ ئايەت.)

«ئەگەر سىلەر (بۇيرۇققا) بويسۇنساڭلار، **الله** سىلەرگە چىرايلىق ئەجىر ئاتا قىلىدۇ» (سۈرە پەتھى 16- ئايەتنىڭ بىر قىسمى). بۇنىڭ بىلەن بىز چاقىرغان شۇ «ئاللاھ يولىدا ئۆلۈش ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇيىمىزدۇر» دېگەن پرىنسىپلارنىڭ مەنىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

6 ـ ئىتائەت

بۇيرۇلغان بۇيرۇققا بويسۇنۇش، قىيىنچىلىقتا، ئازادىلىكتە، خوشاللىقتا، ھەر ۋاقىت بۇيرۇققا بويسۇنۇش لازىم.

بۇ دەۋەتنىڭ ئۈچ باسقۇچى بولۇپ، ئۇلار:

1- تونۇتۇش: دەۋەتنىڭ ئومۇمى پىكرىنى ئىنسانلار ئارىسىدا تارقىتىش، بۇنىڭ ئۈچۈن داۋانىڭ جەمئىيەت تەرتىۋى ۋە دۇنيا قارىشىنى ياخشى چۈشىنىش لازىم. ياخشى ئىشلارغا باشلاش، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش، يىغىلىش ۋاستىلىرى بىلەن داۋانى تونۇتۇشقا غەيرەت

قىلىش، بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان قېرىنداشلار قىلىدىغان پۈتۈن ئىشلارنى ئاساسى قانۇنغا ئۇيغۇن تەرتىپلەش لازىم.

خالىغان ھەر بىر كىشى شەرتسىز جەمئىيەتكە ئەزا بولالىشى ۋە پائالىيەتلەردە بىرگە بولىشى لازىم. بۇ باسقۇچتا ئەزالار جەمئىيەتكە تولۇق بويسۇنمىسىمۇ جامائەتنىڭ ئومۇمى قانۇن ـ پرىنسىپلىرىغا ھۆرمەت قىلىشى شەرت.

2ـ شەكىللىنىش: جىھاد ئۈچۈن ھازىرلىنىش، بىرلىك ۋە باراۋەرلىك روھنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىش لازىم. مەنىۋى تەرەپتىن ئىخلاسمەن، ھەرىكەت جەھەتتە ئەسكەردەك ھەرىكەت قىلىش كېرەك. بۇنىڭ «ئەمىر ۋە ئىتائەت» تىن ئىبارەت ئىككى شۇئارى بار. بۇ ئىككى پرىنسىپقا قەتئىي ۋە ئىككىلەنمەستىن بويسۇنۇش لازىم. مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر شەيئىنى ئەمەلگە ئاشۇرىشى شەرتتۇر.

دەۋەت مەسىلىسى ئالاھىدە بىر ئىشتۇر. بۇنىڭغا چوقۇم قابىلىيىتى ۋە تەييارلىقى بار كىشىلەر قاتنىشالايدۇ. جىھاد بۈيۈك بىر ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدىغان بىر ئىشتۇر. بۇنىڭدا «تولۇق بىر ئىتائەت» شەرتتۇر.

3 ـ ئىجرا قىلىش: بۇ دەۋر جىھاد ئۈچۈن قىلىنغان ھازىرلىقنىڭ ئىجرا قىلىنىش ھالىتىدۇر. بۇ يەردە مۇھىم بولغان تەۋرەنمەس، سەۋر قىلىش ۋە ئىمتىھانغا لايىق بىر ئەزا ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىق لازىم. بۇنىڭدىمۇ «تولۇق بىر ئىتائەت» شەرتتۇر. ئەنە مۇشۇ ئاساسلار ئۈستىگە مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىرىنچى قېتىم ھىجرىيە 1359 - يىلى رەبىئول ئەۋۋەلنىڭ 5 - كۈنى (مىلادىيە 1928 - يىلى مارت ئېيى ـ ت) بەيئەت قىلدى.

سېنىڭ مۇشۇ جامائەتكە قوشۇلۇشۇڭ مۇشۇ رىسالىنى قوبۇل قىلىشىڭ ۋە مۇشۇ بەيئەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭ ئۈچىنچى ئورۇنغا يېقىن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. سەن ئۈستۈڭگە ئالغان ۋەزىپىنى غەنىمەت بىلىپ ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىشقا تەييار تۇر!

7- چىداملىق

داۋا يولىدا ئۇلۇغ ئاللاھ تەقدىر قىلغان زامان ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشقا تەييارلىنىش ۋە بۇ يولدا چىدامىلىق كۆرسىتىش شەرتتۇر. ئۆز غايىسىگە يېتىش ئۈچۈن ئەمەل ۋە جىھاد ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىش، ياكى شاھادەت تېپىشتىن ئىبارەت (شېھىد بولۇش) مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغانغا قەدەر نەچچە يىللار داۋاملاشتۇرۇش لازىم. «مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇش، شېھىد بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىد بولدى. بەزىسى (شېھىد بولۇشنى كۈتمەكتە. ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق» (ئايەت) ۋاقىت داۋا

ئۈچۈن لازىم بولغان چارە - تەدبىرلەرنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئەمما يول ئۇزۇن ۋە جاپالىقتۇر. بۇ يولدا چىداملىق كۆرسىتىش لازىم. بۇنىڭدا بىز ئۈچۈن بۈيۈك مۇكاپات بار. يۇقىرىدىكى ئالتە ۋەسىلىدىن ھەر بىرى، پۇختا تەييارلىق قىلىش، پۇرسەت كۈتۈش ۋە تولۇق ئىجرا قىلىش جەھەتلەردە شەرت - شارائىت ۋە چىداملىق كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. «ئۇ قاچان بولىدۇ؟ دېيىشىدۇ. (سەن) ئۈمىدكى، ئۇ يېقىندا بولىدۇ دېگىن» (ئايەت)

8 - ساداقەتلىك

ئۆز چۈشەنچەڭ باشقا كىشىلەرنىڭ چۈشەنچە ۋە داۋالىرىنىڭ پرىنسىپلىرىدىن باشقىچە بولۇشى، باشقىلارنىڭ چۈشەنچە ۋە پىرىنسىپلىرىنى ئۆز داۋايىڭغا ئارىلاشتۇرماسلىقىڭ لازىم. چۈنكى سىنىڭ دەۋا ۋە چۈشەنچەڭ پۈتۈن دەۋا ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ئەڭ ئۈلگىسىدۇر. «ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟» «ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان (مۆمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان نەمۇنىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدى ساقلىنىپ قالىدۇ» دېدى.» (ئايەت) كىشىلەر راستچىل مۇسۇلمانلار نەزىرىدە ئالتە خىل بولىدۇ. مۇسۇلمان مۇجاھىد، جىھاد قىلمىغان مۇسۇلمان، گۇناھكار مۇسۇلمان، زىممىلەر، كېلىشىم تۈزگەنلەر، ياكى ئۇرۇشقانلار. بۇ ئالتە خىل كىشىلەرنىڭ ئىسلام قانۇنىدا ئايرىم ھۆكۈملىرى بار. ھەيئەتلەر ۋە شەخسلەر بۇ ھۆكۈم ئىچىدە دۈشمەنلىك ياكى دوستلۇق قىلىدۇ.

9 - قېرىنداشلىق

قەلب ۋە روھلار ئەقىدە بىلەن باغلىنىشى لازىم. ئەقىدە باغلانتىسى باغلىنىشلارنىڭ ئىشەنچىلىكىدۇر. ئىمان قېرىنداشلىقى بىرلىشىشنى، كۈپۈر قېرىنداشلىقى ئىناقسىزلىقنى كەلتۈرىدۇ. ئەڭ بۈيۈك قۇۋۋەت بىرلىك ۋە باراۋەرلىك قۇۋۋىتىدۇر. مۇھەببەت ۋە قېرىنداشلىق تۇيغۇسى بولماستىن، بىرلىك ۋە باراۋەرلىك مەيدانغا كەلمەيدۇ. مۇھەببەتنىڭ (ئىمان مۇھەببىتى) ئەڭ ئاددىسى كۆڭۈلنىڭ كەڭ بولىشىدۇر ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى ئارتۇق كۆرۈشتۇر. «ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» (ئايەت) ئىخلاسمەن بىر مۇسۇلمان قېرىنداش، يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ئۆز نەپسىدىن يۇقىرى بىلىشى لازىم. ئۇلارنى باشقا ئىنسانلاردىن ياخشى كۆرىدۇ. قەلبى داۋاملىق شۇلار بىلەن بولىدۇ. مۇسۇلمان جامائەسىدىن ئايرىلىش ھەرگىز توغرا ئەمەس. «پادىدىن ئايرىلغان قوينى بۆرە يەيدۇ» (ھەدىس) «مۆمىنلەر بىر - بىرلىرى ئۈچۈن بىر بىنانىڭ

تۆۋرۈكلىرىدەك بىر - بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدۇ». «مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر.» (ئايەت)

10- قەتئىيلىك

بىر ئەسكەر ئىخلاس ۋە سەممىيەت بىلەن قوماندانغا ئىشىنىپ بويسۇنغاندەك بىر - بىرىمىزگە ئىشىنىپ ئىتائەت قىلىشىمىز لازىم. چوڭقۇر بىر ئىشەنچى ئىچىدە بىر - بىرىمىزنى سۆيۈشكە، ھۆرمەت قىلىشقا، ئىتائەت قىلىشقا ۋە قىلغان بىر ئىشنى تەقدىرلەشكە غەيرەت قىلىش كېرەك. «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دە تالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.» (سۈرە نىسا 65 - ئايەت.)

قۇماندانلىق داۋانىڭ بىر پارچىسىدۇر. قۇماندانسىز ھېچقاندان بىر داۋانىڭ ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىن ئەمەس. قۇماندان بىلەن ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچ تۇيغۇسى بىلەن جەمئىيەت تەرتىپى مۇستەھكەم بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن غايە مەقسەتكە يېتىش ئاسان بولىدۇ. يۈز ئۆرىگەنلەرنى بويسۇندۇرۇش ئىمكانىيىتى بولىدۇ، ئۇنداق بولسا ئۇلارغا بويسۇنۇش ۋە ئۇيغۇن بولغاننى سۆزلەش ئەۋزەل ئىدى» (سۈرە مۇھەممەد 21- ئايەت) قۇماندان، پەرزەنتلىرىنى چىن دىلىدىن سۆيگەن بىر ئاتا - ئانا، ئىلىم ئۆگەتىدىغان بىر ئۇستاز، روھى تەربىيە بېرىدىغان بىر شەيخ، سىياسىي ئىشلىرىنى ئوبدان تەرتىپلەيدىغان بىر رەھبەرگە ئوخشاشتۇر. ئەينى زاماندان داۋايىمىزمۇ بۇ ماۋزۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن داۋالارنىڭ مەقسەتكە يېتىشى ئۈچۈن قۇماندانغا ئىشىنىش شەرتتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئەڭ ئاۋۋال ئۆز قۇماندانىغا بولغان ئىشەنچىسىنى تونۇش ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىدىن شۇ سوئاللارنى سوراش لازىم.

1 - قوماندانىنىڭ پۈتۈن ھايات پائالىيەتلىرىنى - تونۇمسىز؟

2- ئۇنىڭ ئىخلاسمەن ۋە سەممىي ئىكەنلىكىگە ئىشىنەمسىز؟

3- ئۇنىڭ قوماندانلىققا قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىگە، بەرگەن پۈتۈن بۇيرۇقلىرىنىڭ توغرا - دۇرۇس ئىكەنلىكىگە ئىشىنەمسىز؟ گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا بەرگەن بۇيرۇقلىرىنى چىن دىلىڭىزدىن قوبۇل قىلىپ ئىجرا قىلىشقا ھازىرمۇ سىز؟ توغرا ئىشقا نەسھەت قىلىپ، تەنبىھ قىلالامسىز؟

4 ـ شەرىئەتتە ئۇچۇق بىر دەلىلى بولمىغان بىر مەسىلىلەردە خاتا ھۆكۈم چىقىرىشى مۇمكىنمۇ؟ ئىلمى ئىقتىدارى قانداق؟

5ـ داۋا يولىدا پەيتى كەلگەندە ھاياتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ھازىرمۇ؟ قوماندانلىق ئورنىنى، ئاللاھدە ۋە ئومۇمى پايدىلارنى كۆزىتەلەيدىغان دەرىجىدە سەزگۈرمۇ؟

ئەنە شۇ سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىنى ئۆز نەپسلىرىدىن ئەمەلى بىر شەكىلدە كۆرگەنلەر جەمئىيەتكە تولۇق ۋە ساغلام بىر ئىشەنچ بىلەن باغلانغان بولىدۇ. «ئەگەر يەر يۈزىدە بولغان ھەر شەيئىنى سەرپ قىلغان بولساڭمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ، پەقەت ئاللاھ ئۇلارنى بىرلەشتۈردى. شۈبھىسىز ئۇ ئاللاھ ئەزىز ۋە ھەكىمدۇر» (ئەنفال سۈرىسى 63 - ئايەت)

ئىخلاسمەن قېرىنداشلار!

بۇ ئاساسلارغا ئىشىنىپ بويسۇنۇش بىلەن سىزگە بۇ ۋەزىپىلەر يۈكلىنىدۇ. داۋانىڭ ئاساسى قۇرۇلۇشىدا بىر ۋەزىپە تاپشۇرىلىۋېشىڭىز ئۈچۈن سىزگە يۈكلەنگەن بۇ ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئېلىشىڭىز لازىم.

1 - قۇرئان كەرىمدىن ھەركۈنى مەلۇم مىقداردا ئوقۇشىڭىز، ئۇقۇغىنىڭىز بىر پارىدىن ئاز بولماسلىقى لازىم. ئۈچ كۈندىن كۆپ بىر ئايدىن ئاز مۇددەت ئىچىدە قۇرئاننى بىر تاماملىشىڭىز شەرت.

2 ـ قۇرئان كەرىمنى چىرايلىق ئوقۇپ، ئوبدان ئاڭلاپ، مەنىسىنى بىلىشكە، چۈشىنىشكە غەيرەت قىلىڭ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ھەققىدە بىر كىتاب ئوقۇڭ، ئىسلام تارىخى ۋە مۇسۇلمانلار ھاياتى ھەققىدە يېزىلغان بىرەر كىتاپ ئوقۇشۇڭلار كېرەك. بۇ ھەقتە «ھوماتول ئىسلام» دېگەن كىتابنى ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلىمەن. ھەدىسلەرنى كۆپ ئوقۇغايسەن، ئەڭ ئاز بولغاندا 40 ھەدىس يادىلىۋالغايسەن. بۇ ھەقتە ئىمامى نەۋەۋىنىڭ 40 ھەدىس ناملىق كىتابى پايدىلىق. ئۇنىڭدىن باشقا تەۋھىد ھەققىدە بىرەر كىتاب، پىقھى مەسىلىلىر ھەققىدە بىرەر كىتاب ئوقۇپ ئۆگىنىشىڭىز لازىم.

3 ـ شۇنداقلا ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىڭ. ۋۇجۇدۇڭ ساغلام ۋە كۈچلۈك بولۇشقا غەيرەت قىلىشىڭ، سالامەتلىككە زىيانلىق ئامىللاردىن يىراق بولىشىڭ تەلەپ قىلىنىدۇ.

4 - قەھۋە، چايدەك قوزغاتقۇچى ئىچىملىكلەرنى زۆرۈرەتسىز كۆپ ئىستېمال قىلماسلىق كېرەك. تاماكىنى قەتئىي چەكمەسلىك لازىم.

5 ـ يەيدىغان، ئىچىدىغان، كىيىدىغان، ئولتۇرىدىغان، ئىشلەيدىغان يەرلەرنىڭ ۋە بەدەننىڭ پاكىزلىقىغا دىققەت قىلغايسەن، چۈنكى دىن پاكىزلىق ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر.

6 - پەقەت يالغان سۆزلىمەسلىككە، داۋاملىق راست سۆزلەشكە ئادەتلەنگەيسەن!

7 ـ ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، ھەرقانداق قىيىن شارائىت ئاستىدىمۇ ۋەدىگە خىلاپلىق قىلمىغىن!

8 ـ غـەيرەت - شـجائەتلىك، ھـەقنى سـۆزلەيدىغان، مەخـپىيەتلىكنى سـاقلايدىغان، ئاچچىقنى باسالايدىغان، خاتالىقنى تونۇيدىغان بولغىن!

9ـ داۋاملىـق ئىغىـر بىـسىق بولـىشىڭ، سـوغۇق چىـراي بولماسـلىقىڭ، چىرايلىـق سۆزلەيدىغان خۇشچىراي بولىشىڭ لازىم!

10- ناھايىتى بەك ھايالىق ۋە ئەخلاقلىق بولۇشقا، چۈشـقۇر ھىـسسىياتلىق، ياخشىلىقتىن خوشال بولىدىغان، يامان ئەسكى ئىشلاردىن نەپرەت قىلىدىغان، خار كۆرۈلمەيدىغان ھالەتتە كەمتەر بولۇشقا، خوشامەتچى، قارانىيەت بىر ئادەم بولماسلىققا غەيرەت قىلغايسەن!

11ـ پـۈتۈن ھەرىكەتلىرىڭـدە ئادىـل ئىنـساپلىق بولغايـسەن، خاپـا بولـۇش بىلـەن ياخشىلىقنى ئۇنتۇشتىن، ياخشى كۆرۈش بىلەن يامانلىقلارنى كۆرمەسلىكتىن ساقلانغايسەن. ئاچچىق تۇيۇلسىمۇ ئۆز نەپسىڭ ئۈچۈن ياكى يېقىنلىرىڭ ھەققىدە بولسىمۇ داۋاملىـق ھـەقنى سۆزلىگىن!

12 - داۋاملىق ساغلام، تېتىك بولۇشقا غەيرەت قىلغىن. باشقىلارغا ياردەم قىلىش بىلەن خوشاللىق ۋە بەختلىك ھېس قىلىشىڭ كېرەك. ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قىلىشقا، كېسەللەرنى يوقلاشقا، گۈزەل سۆزلەشكە، ھەرقاچان ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ھەرىكەت قىلغايسەن!

13 ـ رەھىـم شەپقەتلىك، سېخى، مېھرىبان، ئەپۇچان، ياۋاش - يۇمشاق، ئىنسان ۋە ھايۋانلارغا رەھىمدىل، دىنىي، ئىجتىمائى ئەدەپ - ئەخلاققا رىئايە قىلىش بىلەن چىرايلىق، ھەرىكەتتە گۈزەل، كىچىكلەرگە شەپقەت، چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئولتۇرۇشقا ئىغىر بېسىق، غەيۋەت قىلمايدىغان، باشقىلاردىن ئەيىپ ئىزدىمەيدىغان، كىرىش - چىقىشقا رۇخسەت سورايدىغان بىر كىشى بولۇشقا دىققەت قىل!

14- ئوقۇش - يېزىشنى ئۈبدان ئۆگەنگىن، مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ گېزىت، ژۇرنال، رىساللىرىنى كۆپ ئوقۇغىن، گەرچە كىچىك بولسىمۇ مەخسۇس بىر كۈتۈپخانا تەييارلا، ئۆز كەسپىڭنى پىششىق بىلىشكە تىرىشىپ مۇتەخەسسىس بول، ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمى پرىنسىپلىرىنى چۈشىنىشكە ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئاساسلىرى ھەققىدە چۈشقۇر بىر چۈشەنچە ھاسىل قىلىشقا غەيرەت قىل!

15ـ باي بولساڭمۇ بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بول، قىلىدىغان ئىشىڭ ئۈستىدە ئىلگىرىلەشكە ھەرىكەت قىلىپ قىلغان ئىشىڭغا كۆڭۈل بۆلگەيسەن!

16ـ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ــــ مەجبۇر بولمىغان ھالەتتە ــــ ئىمكان قەدەر ئارىلاشما، رەسمىي ۋەزىپە ھاياتلىق ئۈچۈن ئەڭ قىيىن بىر يولدۇر. دەۋەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ۋاقتىڭدا بۇنىڭدىن (ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن) ئايرىلغىن؛ ئەگەر دەۋەت ئىشلىرى

بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ۋەزىيەت بولمىسا، ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولساڭ بولىدۇ.

17- قىلغان ئىشىڭنى پەرۋاسىزلىق بىلەن ھىيلە ئىشلەتمەي قىلىدىغان بولغىن!

18– ئۆز - ئۆزەڭنى ئۇبدان تەكشۈرگىن، باشقىلارنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلمىسمۇ تىنىۋالماي تولۇق ئادا قىلغىن!

19 - ھەر تۈرلۈك قىمارلاردىن (پۇل تىكىپ ئوينايدىغان ھەر خىل ئويۇنلاردىن) يىراق بول، نەق پايدا كۆرۈنۈپ تۇرىسمۇ ھارام ئىشقا ۋەسىلە بولىدىغان كەسپتىن ساقلانغىن!

20 - پۈتۈن مۇئامىلە ئىشلىرىڭدا ئۆسۈمدىن يىراقتۇر. ئۇنىڭدىن ئۆزەڭنى تولۇق پاكلا!

21 – ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ھەسسە قوشقىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە سانائەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگىن، پۇل - ماللارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولىشىغا دىققەت قىلغىن. كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكلەردە يەرلىك (مۇسۇلمانلارنىڭ) ماللىرىنى ئىشلىتىشكە ئادەت قىل!

22 - دەۋەت ئىشلىرىغا ماددى ياردەم قىلغىن، زاكىتىڭنى شۇنىڭغا بەرگىن، ئەمما پېقىر، مىسكىنلەرگىمۇ مەلۇم مىقداردا زاكىتىڭدىن بەرگىن!

23 - ئاز بولسىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلارغا ياردەم قىلغىن، ھەرگىز ھەددىدىن ئارتۇق قىلىۋەتمە!

24 – ئىسلام ئادەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە تىرىشقىن، ئەجنەبى ئادەتلەردىن (سالاملىشىش، كۆرۈشۈش، تىل، تارىخ، ئولتۇرۇپ - قوپۇش، ئۆي جازىلىرى، ئىش ۋاقتى، دەم ئېلىش، يېمەك - ئىچمەك، بېرىش - كېلىش، غەمكىنلىك، خوشاللىق).... ساقلىنىشقا ئىمكان قەدەر تىرىشقىن. بۇنداق ئىشلاردا سۈننەتكە ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلغىن!

25 – ئىسلام قانۇنىغا ئۇيغۇن بولمىغان ھەيئەت، مەكتەپ، جەمئىيەت، گېزىت، ژۇرناللاردەك دىنىي چۈشەنچەڭنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن ئالاقەڭنى ئۈزگىن!

26 - ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىكىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرغىن، ئاخىرەتكە تەييارلىق قىلغىن، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھاۋايى - ھەۋەسلەرنى تەرك ئەتكىن، نەپلى ئىبادەت ۋە ناماز ئوقۇش (پەرز ئىبادەت ۋە نامازنىڭ سىرتىدا قىلىدىغان ئىبادەت ۋە ناماز)، ئايدا ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا تىل ۋە دىل ئاللاھنى زىكرى قىلىش بىلەن ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكىن!

27 - كامىل تاھارەت ئېلىپ داۋاملىق تاھارەت بىلەن يۈرۈشكە ئادەتلەنگىن!

28 ـ نامازنى تولۇق ئوقۇشقا ۋە ئۇنى ئىمكان قەدەر ئۆز ۋاقتىدا جامائەت بىلەن مەسچىتتە ئوقۇشقا ئادەتلەنگىن!

29 - رامىزان ئېيىدا تولۇق روزا تۇتۇشقا، قۇدرىتىڭ يەتسە ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشقا تەييار تۇرغايسەن!

30 ـ چوڭ ـ كىچىك پۈتۈن گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىپ ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلغىن، ئاخشامدا يېتىشتىن بۇرۇن كۈندۈزى قىلغان ياخشى ـ يامان ئىشلىرىڭدىن ھېساب ئال، ۋاقىت ھاياتتىن ئىبارەت بولۇپ ئۇنى پايدىسىز ئىشلار بىلەن بىكار ئۆتكۈزمىگىن. ھارام ئىشلارنى قىلىپ سالماسلىق ئۈچۈن شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلانغايسەن!

31 - ئۆز نەپسىڭ بىلەن كۈرەش قىلىپ ئۇنى ئۆزەڭگە بويسۇندۇرغىن، كۆڭلۈڭدىكى ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنى يېڭىشكە ھەرىكەت قىل. ھالال ئىشلارنى قىلىپ ھارام ئىشلاردىن ساقلىنىشقا تىرىشقىن!

32 - جىھادقا ھازىرلىنىپ بۇ يولدا يولى كەلگەندە شېھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلغايسەن!

33 - ھاراق - شاراپ، شۇنىڭدەك بارلىق زەھەرلىك چېكىملىكەردىن قاتتىق ساقلانغىن!

34 ـ گۇناھ بولىدىغان يەرلەردىن، يامان دوستلاردىن، يامانلىققا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرغىن!

35 - ئويۇن ۋە كۆڭۈل ئېچىش يەرلىرىگە يېقىن كەلمە، راھەتپەرەسلىك، يۇقىرى ھايات كەچۈرۈشتىن ساقلانغىن!

36 - مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭنى بىردىن ـ بىر ئۇبدان تونۇۋالغىن، ئۆزەڭنىمۇ ئۇلارغا ئوبدان تونۇتقىن، ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىق ھەققىنى سۆيۈش، تەقدىرلەش، ياردەم قىلىش، ھۆرمەت قىلىش، بىلەن ئادا قىلغىن، ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغا (دىنى سۆھبەتلىرىگە) تولۇق قاتناشقىن، سەۋەبسىز ئايرىلىپ قالما، گۈزەل مۇئامىلەڭ ئارقىلىق ئۇلارغا ياخشى تەسىر كۆرسەتكىن!

37 ــ سېنىڭ ئېتىقادىڭغا مۇۋاپىق كەلمىگەن ھەرقانداق بىر خەمئىيەت ياكى تەشكىلاتلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاتناشمىغىن!

38 - قوماندانلىقىڭ ئىچىدە ۋە ئۇنىڭغا روھى باغلىنىش شەرتى بىلەن داۋانى ھەر يەردە تارقىتىشقا غەيرەت قىلغىن، بۇ ھەقتە ئۆزەڭنى مەسئۇل بىر كىشى دەپ تونۇشۇڭ لازىم.

ئىخلاسمەن قېرىنداشلار!

ئېيتىپ ئۆتكەن بۇ ئاساسلار سىزنىڭ داۋايىڭىزنىڭ قىسقىچە بايانىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۆۋەندىكى بەش كەلىمىدە خۇلاسە قىلىمىز: «1ـ غايىمىز ئاللاھ، 2ـ رەھبىرىمىز

رەسۇلۇللاھ، 3ـ قانۇنىمىز قۇرئان كەرىم، 4ـ يولىمىز جىھاد، 5 ـ شېھىدلىك ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇيىمىزدۇر» بۇلارنىڭ خۇلاسىسىنى تۆۋەندىكى بەش كەلىمىگە قىسقارتىمىز.

«1- كېڭىيىش، 2- قۇرئان ئوقۇش، 3 - ناماز ئوقۇش، 4- ئەسكەر بولۇش، 5- ئەخلاق.»

ئەگەر پۈتۈن بۇ ئاساسلارنىڭ غايە ۋە مەقسەتلىرىنى ئۆز غايە ۋە مەقسىتىڭ بىلىپ شۇ بۇيىچە ھەرىكەت قىلساڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشسەن ۋە بىزنىڭ پرىنسىپلىرىمىزغا ئۇيغۇن بولغان بولىسەن. ئەگەر ئۇنداق قىلماي ۋەزىپەڭنى ئادا قىلمىساڭ، بىزدىن يۈز ئۆرىسەڭ، بىزگە قارشى چىقساڭ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېسابقا تارتىلىسەن. ئىختىيار ئۆزەڭدە، ساڭا ۋە بىزگە، ئاللاھتىن ھىدايەت ۋە مۇۋاپپىقىيەت تىلەيمىز.

«ئى مۆمىنلەر، سىزنى قاتتىق بىر ئازاپتىن قۇتقۇزۇپ پايدىلىق بىر يولنى سىزگە كۆرستەيمۇ؟»

1- ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرسىلەر.

2- ئاللاھ يولىدا ماللىرىڭىز، جانلىرىڭىز بىلەن جىھاد قىلىسىز. ئەگەر بىلسىڭىز بۇ سىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى يولدۇر.

1- (ئاللاھ) گۇناھلىرىڭىزنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

2- سىلەرنى ئاستلىرىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. دائىم تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ) بۇ چوڭ مۇۋەپپىقيەتتۇر.

3- 4 ـ سىلەرگە (مەرھەمەت قىلىنغان) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېمەت ئاللاھتىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلىبە (يەنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى) دۇر. (ئى مۇھەممەد) مۆمىنلەرگە (بۇ رۇشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن.

ئى مۆمىنلەر؛ ھەۋارىيۇنلار (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان مۆمىن قەۋم) دەك ئاللاھنىڭ ياردەمچىلىرى بولۇڭلار، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا ھەۋارىيۇنلارغا، «(ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىشتا) ئاللاھقا كىملەر ياردەمچىلىرىم بولىدۇ؟» دېدى. ھەۋارىيۇنلار: «بىز ئاللاھنىڭ ياردەمچىلىرىمىز» دېدى. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر تائىپە ئىمان ئېيتتى. يەنە بىر تائىپە كاپىر بولدى. مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرىشىدا يار يۆلەكتە بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن مۆمىنلەر غالىپ كەلدى.

ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى، بەرىكىتى سىلەرگە بولسۇن!